

ماۋزېدوڭ

# داڭباگوغا قارشى

ماۋزېدۇڭ

# داڭباگۇغا قارشى

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ ــ 1960

ماۋزېدۇڭ

# داڭباگۇغا قارشى

*

تەرجىمە ۋە نەشىر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى.

*

1960 نچى ژىل 5 نچى ئايدىكى
ئىككىنچى باسمىسى.
باھاسى: 0.08 يۈەن.

# نەشرىياتتىن

بۇ كىتاب 1957 - يىلى 7 - ئايدا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىنغان. بۇ قېتىم يەنە خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1956 - يىل 11 - ئايدا 2نچى قېتىم نەشر قىلىنغان 3نچى باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمىسى تۈزۈتۈپ بېسىلدى.

# 出版者說明

本书于1957年7月翻譯出版。这次又根据人民出版社1956年11月2版3次印刷的单行本对譯文作了修訂。

بۇ، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ 1942 نچى ژىلى 2 نچى ئايىنىڭ 8 نچى كۈنى يەنئەندە ئۇتكۈزۈلگەن كادرلار ژىغىنىدا سوزلەگەن نۇتقى.

جۇڭگو گوڭچەنداڭى مەركەزىي
كومىتېتىنىڭ ماۋزېدۇڭ تاللانما
ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش هەيئىتى

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئەگەر «4 ـ ماي» ھەرىكىتى دەۋرىدە كونا باگۇ بىلەن كونا دوگمىچىلىققا قارشى تۇرۇلمىغان بولسا، جۇڭگو خەلقى ئىدىيە جەھەتتە كونا باگۇنىڭ ۋە كونا دوگمىچىلىقنىڭ ئاسارىتىدىن ئازات بولالماس ئىدى، جۇڭگودا ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق ئۈمىدى بولماس ئىدى. لېكىن بۇ خىزمەت 4 ـ ماي ھەرىكىتى دەۋرىدە تېخى بىر باشلانمىدىنلا ئىبارەت بولدى، مەملىكەتتىكى پۈتۈن خەلقىمىزنى كونا باگۇ ۋە كونا دوگمىچىلىقنىڭ ھوكۇمرانلىقىدىن پۈتۈنلەي ئازات قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرى كېلىدۇ، بۇ، بۇندىن كېيىنكى ئىنقىلاۋى ئۆزگەرتىش يولىدىكى بىر زور خىزمەتتۇر. ئەگەر بىز بۈگۈن يېڭى باگۇ ۋە يېڭى دوگمىچىلىققا قارشى تۇرمىساق، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىدىيىسى يەنە بىر شەكىلدىكى ئاسارەتكە ئۇچرايدۇ. پارتىيىمىزدىكى بىر بۆلۈك (ئەلۋەتتە پەقەت بىر بۆلۈك) يولداشلار ئەگەر داڭباگۇدىن زىيانلىق زەھەرنى يوقاتمايدىكەن، ئوتتۇرىغا قويغان دوگمىچىلىق خاتالىقىنى تۈزەتمەيدىكەن، ئۇچاغدا، جانلىق ئىنقىلاۋى روھنى ئۇستۇرگىلى بولمايدۇ، ماركىسىزمغا ناتوغرى پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىدىغان يامان ئادەتلەرنى يوقاتقىلى بولمايدۇ، ھەقىقىي ماركسىزمنى كەڭ كولەمدە تارقاتقىلى ۋە تەرەققىي

قى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ؛ كونا باگۇ بىلەن كونا دوگـ
مىنىڭ پۈتۈن خەلقىمىز ئارىسىدىكى تەسىرىگە ھەم
ياڭباگۇ ۋە ئەجنەبىي دوگمىنىڭ پۈتۈن مەملىكىتىمىز-
نىڭ نۇرغۇنلىغان كىشىلىرى ئارىسىدىكى تەسىرىگە
قارشى كۈچلۈك كۆرەش ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ،
شۇنىڭدەك بۇ نەرسىلەرنى يىمىرىپ تاشلاش مەخسىدى-
گە يەتكىلى بولمايدۇ.

سۇبيېكتىۋىچىلىق، مەزھەپچىلىك ۋە داڭباگۇدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ نەرسە پرولېتارىيات ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېكسپىلۇئاتاتورلار سىنىپلىرى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان، ماركسىزمغا زىت نەرسىلەردۇر. بۇلار ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىدېيىسىنىڭ پارتىيىمىزدە ئەكس ئېتىشىدۇر. جۇڭگو ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ناھايىتى كۆپ بىر مەملىكەت، پارتىيىمىز بۇ كەڭ كۆلەمدىكى سىنىپىي قاتلامنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە تۇرماقتا، بىزدە يەنە بۇ سىنىپتىن كېلىپ چىققان ناھايىتى كۆپ سانلىق پارتىيە ئەزالىرى بار. ئۇلار يا ئۇزۇن ياكى قىسقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىلىك قۇيرۇقلىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە پارتىيىگە ئېلىپ كىرگەن. ئەگەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابچىلىرىنىڭ تۇتۇرۇقسىزلىغى ۋە بىر تەرەپلىمىلىگىنى چەكلىمىگەندە ۋە ئۆزگەرتمىگەندە، سۇبيېكتىۋىچىلىق ۋە مەزھەپچىلىكلەر ناھايىتى ئاسانلا

پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىپادىسىنىڭ بىر خىل شەكلى ياگباگۇ ياكى داگباگۇدۇر.

بۇ نەرسىلەرنى يوقۇتۇش ۋە تازىلاش ئاسان ئەمەس. بۇ خىزمەتنى مۇۋاپىق ئىشلەش لازىم، كىشىلەرگە ھەقىقەتنى ياخشىلاپ سۆزلەش لازىم. ھەقىقەتنى ياخشىلاپ سۆزلىگەندە، نەق تەككۇزۇپ سۆزلىگەندە، نەتىجىلىك بولىدۇ. ھەقىقەتنى سۆزلەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى بىر ئۇسۇلى كېسەل كىشىگە ئېغىر تەسىر بېرىپ ئۇنىڭغا قاتتىق ئاۋاز بىلەن: «سېنىڭ ئاغرىقىڭ بار!» دەپ توۋلاپ، ئۇنى چوچۇتۇپ، تەرلىتىپ ئاندىن ئۇنى ياخشى داۋالاشدۇر.

ئەمدى داگباگۇنىڭ زەھەرلىك يېرى نەدە ئىكەنلىگىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتەيلى: بىزمۇ باگۇ ئەسىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشۇتۇپ بىر «باگۇ» ياساپ، زەھەرگە زەھەر بىلەن ھۇجۇم قىلايلۇق. بۇنى 8 چوڭ جىنايەت دەپ ئاتايلۇق.

داگباگۇنىڭ بىرىنچى جىنايىتى: قۇرۇق سۆز بىلەن سەپسەتە سېتىش، ئاساسسىز سۆز قىلىش. بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىز ئۇزۇن ماقالىلار يېزىشنى ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن ئۇ، ھەقىقەتتە «ھورۇن خوتۇننىڭ پايتىمىسى ھەم ئۇزۇن ھەم سېسىق» بولغىنىدەك مەزمۇنسىز بولىدۇ. نىمە ئۈچۈن ئۇنداق ئۇزۇن ھەم قۇرۇق

يېزىش لازىم؟ بۇنىڭ پەقەت بىرلا سەۋەبى باركى، ئۇ بولسىمۇ، ئاممىغا ئوقۇتماسلىققا نىيەت قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى، ئۇزۇن ھەم قۇرۇق بولسا، ئامما كۆرسە بېشىنى چايقايدۇ، نەدىن ئۇنى ئاخىرغىچە كۆرۈشنى خالىسۇن؟ پەقەت بۇنىڭ بىلەن تەجرىبىسىز كىشىلەرنى ئالدايدۇ. ئۇلار ئارىسىغا يامان تەسىراتلارنى تارىتىدۇ، يامان ئادەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆتكەن ژىل 6 نچى ئاينىڭ 22- كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ناھايىتى زور ئۇرۇش باشلاندى. 7 نچى ئاينىڭ 3- كۈنى ستالىن بىر نۇتۇق ئېلان قىلدى. بۇ نۇتۇقنىڭ ئۇزۇنلىغى پەقەت «جيەفاڭ ربباۋ» گېزىتىمىزنىڭ بىر باش ماقالىسىچىلىكلا بار؛ بىزنىڭ جاناپلىرىمىز يازىدىغان بولسا، قالتىس كېتىدۇ، ئەڭ ئاز بولغاندا، نەچچە ئون مىڭ خەتكە يەتكۈزىدۇ. ھازىر بولسا ئۇرۇش قىلىنىۋاتقان دەۋر، بىز ماقالىنى قانداق قىلغاندا قىسقا ۋە مېغىزلىق يازغىلى بولىدىغانلىغىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. يەنئەندە گەرچە ئۇرۇش بولمىسىمۇ، لېكىن قوشۇنلىرىمىز ئالدىنقى سەپتە ھەر كۈن ئۇرۇش قىلىۋاتماقتا، ئارقا سەپتىمۇ خىزمەت ئالدىراش. ماقالىلار ئۇزۇن بولسا، ئۇنى كىم ئوقۇيدۇ؟ بەزى يولداشلار ئالدىنقى سەپدىمۇ ئۇزۇن دوكلادلارنى يېزىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار ئۇنى جاپا-مۇشەققەتلەر

بىلەن بېزىپ بىزنى كورسۇن دېگەن مەخسەت بىلەن ئېۋەتىپ بېرىدۇ. ئەمما ئۇنى كورۇشكە قانداق جۇر-ئەت قىلغىلى بولسۇن؟ ئوزى ئۇزۇن ھەم قۇرۇق بولسا ياخشى ئەمەس ئىكەن، ئەمدى ئوزى قىسقا ھەم قۇرۇق بولسا ياخشىمۇ؟ بۇمۇ ياخشى ئەمەس. بىز بۇنداق قۇرۇق سوزلەرنى قەتئىي مەنئى قىلىشىمىز لازىم. لېكىن ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ بىرىنچى ۋەزىپە ھېلىقى ھورۇن خوتۇننىڭ ھەم ئۇزۇن ھەم سېسىق پايتىمىسىنى چاپسانلىق بىلەن ئەخلەت ساندۇغىغا تاشلىۋېتىشتۇر. ئېھتىمال بەزى كىشىلەر: «كاپىتال» ناھايىتى ئۇزۇن ئەمەسمۇ، ئۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟ دەپ ئېيتار، بۇ ئوڭاي. ئۇنى زېرىكمەي ئوقۇش كېرەك. تەمسىل سوزلەردە: «ئەلگە كىرسەڭ ئىلگىچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىكچە»، يەنە: «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن، بەدەنگە قاراپ كىيىم كەس» دېيىلىدۇ. بىز ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلماق بولساق، ئەھۋالغا قاراپ قىلىشىمىز كېرەك، ماقالە ھەم نۇتۇقلارمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. بىز قۇرۇق سوز بىلەن سەپسەتە سېتىپ، ئاساسسىز سوز قىلىدىغان باگۇچىلىققا قارشى تۇرۇمىز. بۇ، ھەر قانداق نەرسە قىسقا بولسا ياخشى بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئورۇش مەزگىلىدە ماقالىلارنىڭ ئەلۋەتتە قىسقا بولۇشى لازىم، بولۇپمۇ مەزمۇنلۇق بولۇشى

لازىم. ئەڭ كېرەكسىزى ۋە ئەڭ قارشى تۇرۇۋاتقىنىمىز قۇرۇق سۆز بىلەن ئاساسسىز يېزىلغان ماقالىلاردۇر، نۇتۇقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، قۇرۇق سۆزلەر بىلەن سەپسەتە ساتىدىغان ئاساسسىز نۇتۇقلارنى چەكلەش لازىم.

داگباگۇنىڭ ئىككىنچى جىنايىتى: قۇرۇق سۈلەت بىلەن تېرە تاراخشىتىپ كىشىلەرنى قورقۇتۇشىدۇر. داگباگۇچىلاردىن بەزىلىرى يالغۇز قۇرۇق سۆز بىلەن سەپسەتە سېتىپلا قالماستىن، بەلكى قۇرۇق سۈلەت بىلەن تېرە تاراخشىتىپ قەستەن كىشىلەرنى قورقۇتىدۇ. بۇ ئۆز ئىچىگە ناھايىتى يامان زەھەرلىك ئامىللارنى ئالىدۇ. قۇرۇق سۆز بىلەن سەپسەتە سېتىپ ئاساسسىز سۆزلەرنى قىلىشنى بالىلىق دېيىشمۇ بولىدۇ؛ قۇرۇق سۈلەت بىلەن تېرە تاراخشىتىپ كىشىلەرنى قورقۇتۇش بالىلىقلا ئەمەس، زادىلا مۇتتەھەملىكتۇر. لۇشۈن بۇنداق كىشىلەرنى تەنقىت قىلىپ: «ھاقارەتلەش، قورقۇتۇش مۇتلەق كۈرەش قىلغانلىق بولمايدۇ»③ دېگەن ئىدى. پەننىي نەرسە مەيلى قانداق بىر ۋاقىتتا بولمىسۇن كىشىلەرنىڭ تەنقىت قىلىشىدىن قورقمايدۇ. چۈنكى پەن ھەقىقەتتۇر، ئۇ، كىشىلەرنىڭ رەددىيەسىدىن مۇتلەق قورقمايدۇ. سۇبيېكتىۋچىلىق ۋە مەزھەپچىلىك نەرسىلىرى داگباگۇ شەكلىدە بولغان ماقالە ۋە نۇتۇقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ، كىشىلەرنىڭ رەددىيەسىدىن



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

قاتتىق قورقۇدۇ ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ژۈرەكسىز
كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇق سولەت بىلەن تېرە
تاراخشىتىپ كىشىلەرنى قورقۇتۇشقا يولۇنىدۇ؛ ئوزىـ
چە بىرلا قورقۇتسام كىشىلەرنىڭ ئاغزى ئېتىلىدۇ،
ئوزەم «غەلىبە قازىنىپ ئوردىغا قايتىمەن» دەپ
ئويلايدۇ. بۇنداق قۇرۇق سولەت بىلەن تېرە تاراخشىـ
تىش ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۇرەلمەيدۇ، بەلكى ھەقىـ
قەتكە زەرەر يەتكۈزىدۇ. ئۇمۇمەن ھەقىقەت تەرەپتارـ
لىرى كىشىلەرنى قۇرۇق سولەت بىلەن تېرە تاراخشىتىپ
قورقۇتمايدۇ، ئۇلار پەقەت سەممىي سوزلەيدۇ ۋە
ھەقىقىي ئىش قىلىدۇ. ئوتمۈشتە بىزنىڭ كوپلىگەن
يولداشلىرىمىزنىڭ ماقالىلىرىدا ۋە نۇتۇقلىرىدا دائىم
ئىككى ئاتالما ئۇچرايتتى: بىرى «شەپقەتسىز كورەش
قىلىش»، بىرى «رەھىمسىز زەربە بېرىش». بۇنداق
تەدبىرنىڭ دۈشمەنگە ياكى دۈشمەنلىك ئىدىيىگە
قارشى ئىشلىتىلىشى پۈتۈنلەي زورۇر. لېكىن ئوز
يولداشلىرىمىزغا ئىشلىتىش خاتا. پارتىيە ئىچىگىمۇ
«پۈتۈن ئىتتىپاق گوڭسەنداڭى (بولشېۋىكلەر) نىڭ
تارىخى، قىسقىچە كورس» خاتىمىسىنىڭ 4 ـ ماددىسىدا
ئېيتىلغىنىدەك، دۈشمەننىڭ ۋە دۈشمەنلىك ئىدىيىـ
لەرنىڭ ھەر دائىم سۇقۇلۇپ كىرىپ ئېلىشى مۇمكىن.
بۇنداق كىشىلەرگە قارشى ھېچبىر شەك ـ شۈبھىسىز

شەپقەتسىز كۆرەش قىلىش ھەم رەھىمسىز زەربە بېرىش تەدبىرىنى قوللىنىش لازىم ، چۈنكى بۇنداق بۇزۇق كىشىلەر دەل ئاشۇ تەدبىرلەردىن پايدىلىنىپ پارتىيىگە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، بىز ئەگەر ئۇلارغا يول قويۇپ بېرىدىغان بولساق، ئۇچاغدا ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالىمىز. لېكىن بۇنىڭغا ئوخشاش تەدبىرنى تاسادىپىي خاتالاشقان يولداشلارغا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ؛ بۇنداق يولداشلارغا تەنقىد ۋە ئۆز ــ ئۆزىنى تەنقىت ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. مانا بۇ «پۈتۈن ئىتتىپاق كوممۇنىستلار (بولشېۋىكلەر) نىڭ تارىخى، قىسقىچە كورس» خاتىمىسىنىڭ 5 ــ ماددىسىدا ئېيتىلغان ئۇسۇلدۇر. ئوتكەندە بىزنىڭ نۇرغۇن يولداشلىرىمىز بۇنداق يولداشلارغا شۇنىڭ ئۈچۈن «شەپقەتسىز كۆرەش قىلىش»، «رەھىمسىز زەربە بېرىش» ئۇسۇلىنى قوللاندىكى، بىر تەرەپتىن ، ئۇلار كۆز ئالدىدىكى نىشان ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بارمىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، قورۇق سولەت بىلەن تېرە تاراخشىتىپ كىشىلەرنى قورقۇتۇشقا بېرىلىپ كەتتى. لېكىن ھەر قانداق كىشىگە قورۇق سولەت بىلەن تېرە تاراخشىتىپ قورقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش يارىمايدۇ. چۈنكى بۇنداق كىشى قورقۇتۇش تاكتىكىسى، دۈشمەنگە قارشى قوللىنىلغاندا ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ.

يولىنى ئىشلىرىمىزغا قوللۇنۇلغاندا پەقەت زەرەر كەلتۈرۈدۇ. بۇنداق كىشى قورقۇتۇش تاكتىكىسى ئېكسپلۇئاتاتورلار سىنىپلىرى ۋە لۈكچەك پرولېتارلار قوللۇنۇپ ئۆگەنگەن تەدبىردۇر. پرولېتارىياتقا بۇنداق تەدبىرنىڭ كېرىكى يوق. پرولېتارىياتنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر، ئەڭ ئۈنۈملۈك بىرلا قۇرالى بار. ئۇ بولسىمۇ، جىددىي ۋە جەڭگىۋار پەننىي پوزىتسىيە. كوممۇنىستلار كىشى قورقۇتۇش بىلەن كۈن كۆرمەيدۇ، بەلكى ماركسىزم-لېنىنىزم ھەقىقىتىگە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە ۋە پەنگە يۆلىنىپ كۈن كۆرىدۇ. قۇرۇق سولەت بىلەن تېرە تاراخشىتىپ نام چىقىرىش، دەرىجە قازىنىش مەخسىتىدە يېتىشكەنلەك، ئۇنىڭ تېخىمۇ پەس-ياعان نىيەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشقىمۇ ھاجەت يوق. ئۇمۇمەن، ھەر قانداق ئىدارە قارار قىلسۇن، يولىيورۇق چىقارسۇن ياكى ھەر قانداق بىر يولداش ماقالە يازسۇن، نۇتۇق سۆزلىسۇن — ھەممىسى ماركسىزم-لېنىنىزم ھەقىقىتىگە ۋە ئېھتىياجىغا يۆلىنىشى كېرەك. پەقەت شۇلارغا يۆلەنگەندىلا، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقىسى بىكار.

داگباگۇنىڭ ئۈچىنچى جىنايىتى: نىشانغا قارىماستىن مەخسەتسىز ئوق ئېتىش. بىر قانچە ژىل ئىلگى-

رى، يەنئەن شەھرىنىڭ سېپىلىدا: «ئىشچى ـ دىخانلار بىرلىشىپ ياۋۇز باسقۇنچىلارغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غالىبىيىتىنى قولغا كەلتۈرەيلى» دەپ يېزىلغان بىر شۇئارنى كۆرگەن ئىدىم. بۇ شۇئارنىڭ مەنىسى يامان ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭدىكى ئىشچى (IΛ) دېگەن سۆز ـ دىكى (I) خېتىنىڭ 2 ـ سىزىغى تۈز تارتىلىپ يېزىلماستىن 2 بۇرجەك چىقىرىپ (Ī) شەكلىدە يېزىلغان. (Λ) دېگەن خەتچۇ؟ ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە 3 سىزىق ئارتتۇرۇلۇپ ([illegible]) شەكلىدە يېزىلغان. بۇنى يازغان يولداشنىڭ كونا ئەدىبلەرنىڭ شاگىرتى ئىكەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە يوق. ئەمما ئۇنىڭ ياۋۇز باسقۇنچىلارغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە بۇنى يەنئەننىڭ تىپىغا يازغانلىقىنىڭ سەۋە ـ ۋىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئېھتىمال، ئۇنىڭ مەخسە ـ دىمۇ ئىملا بولسا بولسۇن، خەلق ئوقۇمىسۇن دېگەنـ لىكتىن ئىبارەت بولسا كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، بۇنداق قىلىشىنىڭ مەنىسىنى چۈشۈنۈش ناھايىتى تەس. گۆڭسەنداڭ ئەزالىرى ئەگەر ھەقىقىي تەشۋىق قىلماقـ چى بولسا، نىشانغا قارىشى لازىم. ئۇلارنىڭ ماقالىـ سىنى، نۇتقىنى ۋە سۆزلىرىنى ھەم يېزىـقلىرىنى كىمـ لەرنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن، كىملەرنىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈن يازىدىغانلىقىنى، سۆزلەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇشـ لىرى لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇنى ھېچكىم كۆر ـ

مسۇن ۋە ھېچكىم ئاڭلىمىسۇن دېگەنلىك بولۇدۇ.
كۆپلىگەن كىشىلەر يازغان ماقالىسى، سۆزلىگەن سۆزىنى
كۆپۈنچە كىشىلەر ناھايىتى ئوبدان ئوقالايدۇ، چۈشۈ-
نەلەيدۇ دەپ ئويلايدۇ. ھەقىقەتتە ئۇ، پۈتۈنلەي
ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ يازغان
ۋە سۆزلىگەنلىرى داگىباگۇتۇرسا، كىشىلەر ئۇنى قانداق
چۈشەنسۇن؟ «ئىشەكنىڭ قۇلىقىغا راۋاپ چېلىش»
دېگەن سۆز نىشاننى مەسخىرە قىلغانلىق مەفھۇمىنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر بىز بۇ مەفھۇمنى، ئېلىپ
تاشلاپ، ئۇنىڭغا نىشانغا ھۆرمەت قىلىش مەفھۇمىنى
كىركۈزسەك، ئۇ چاغدا پەقەت راۋاپ چالغانلارنى
مەسخىرە قىلغانلىق مەفھۇمىلا قالىدۇ. نىمە ئۈچۈن
نىشانغا قارىماي قالايمىقان راۋاپ چېلىنىدۇ؟ھالبۇكى
بۇ داگىباگۇدۇر، قىسقىسى ئاممىغا قاراپ قاغىغا ئوخ-
شاش قاغ-قاغ دەپ تۇۋلىغانلىقدۇر. ئوقىيا ئاتقاندا
نىشانغا قارىلىدۇ، راۋاپ چالغاندا ئۇنى ئاڭلىغۇچى
ئاممىغا قارىلىدۇ، ماقالە يازغاندا، نۇتۇق سۆزلىگەندە
ئۇنى ئوقۇغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچى خەلق ئاممىسىغا قارى-
مىسا بولامدۇ؟بىز ھەيلى كىم بىلەن دوست بولمايلى،
ئەگەر بىر-بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى، نىيىتىنى بىلىشمىسەك
بىر-بىرىمىزنىڭ كۆڭلىمىزدە نىمە ئويلاۋاتقانلىقى-
مىزنى بىلىشمىسەك، قەدىرىدان دوست بولۇشۇپ

كېتەلەيمىز مۇ؟ تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى
كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەشۋىق قىلىش نىشانىنى تەكشۈر-
مەي، ئوگەنمەي، تەھلىل قىلماي قانداق توغرى
كەلسە، شۇنداق سوزلەۋېرىشى ئەسلا توغرى ئەمەس.

داگباگۇنىڭ تورتىنچى جىنايىتى: بىيەسەن④ لەرگە
ئوخشاش سوزىنىڭ لەززەتسىز بولۇشىدۇر. بىزنىڭ
داگباگۇچىلىرىمىزمۇ شاگىخەيلىكلەر تەرپىدىن كىچىك
بىيەسەنلەر دەپ ئاتالغانلارغا ئوخشاش بەكمۇ تېتىقسىز،
بەكمۇ كورۈمسىز كېلىدۇ. ئەگەر بىرەر ماقالەياكى بىرەر
نۇتۇق ئورۇلۇپمۇ-چورۇلۇپمۇ بىر نەچچىلا ئاتالغۇدىن
نېرى چىقالمىسا، «ئەپەندىلەرچە مۇقام» دىن ئىبارەت
بولسا، ئۇنىڭدا قىلىچە جانلىق، تىتىك سوز بولمىسا،
ئۇ، بىيەسەنگە ئوخشاش سوزى لەززەتسىز، ئەپتى-
بەشىرىسى كورۈمسىز بولماي نىمە بولماقچى؟ بىر كىشى
7 ياشتا باشلانغۇچ مەكتەپكە، 10نەچچە يېشىدا ئوتتۇرا
مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ، 20 نەچچە يېشىدا ئالىي
مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىقسا، خەلق ئاممىسى بىلەن
ئۇچراشمىسا، سوزكەباي بولمىسلىغى، سوزلىرى بەكمۇ
قۇرۇق بولۇشى تەبىي، بۇنى ئېيىپلىغىلى بولمايدۇ.
لېكىن بىزنىڭ پارتىيىمىز خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىز-
مەت قىلىدىغان ئىنقىلاۋىي پارتىيە. ئەگەر بىزمۇ ئام-
مىنىڭ تىلىنى ئوگەنمىسەك، ئۇچاغدا ياخشى ئىشلە-



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com